# مەن بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلسام، رامىزان روزىسىنى تۇتسام، ھالالنى ھالال ۋە ھارامنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسام

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: مەن بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلسام، رامىزان روزىسىنى تۇتسام، ھالالنى ھالال ۋە ھارامنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسام، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر ئىش قىلمىساممۇ جەننەتكە كىرىمەنمۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى، ئۇ كىشى: ئاللاھ بىلەن قەسەم! مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىلمايمەن دېدى.

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە: بىر كىشى پەرز قىلىنغان بەش ۋاقىت نامازنىلا ئوقۇپ باشقا ئارتۇق نەپلە نامازلارنى ئوقۇمىسا، رامىزان روزىسىنىلا تۇتۇپ باشقا نەپلە روزىلارنى تۇتمىسا، ھالالنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئەمەل قىلسا، ھارامنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئۇنىڭدىن يىراق بولسا، ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65003

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee